ئەدەبىيات گۈلزارى
ئەدەبىيات گۈلزارى

## پەرۋاز قىلىپ لاچىنلار كۆكتە قانات قاقىدۇ
## پارتىيىگە مېھرىمىز دەريا بولۇپ ئاقىدۇ

تېرىۋالدۇق ئېتىزدىن،
ئالتۇن دانىنى، باشاقنى.
پارتىيىنىڭ شەنىگە،
ياڭراتتۇق كۈي - قوشاقنى.

دۇتارنى چالاي دەيمەن،
سازلاپ يېڭى پەدىگە.
يەتتى ئۇلۇغ پارتىيە،
دېھقانلارنىڭ دەردىگە.

ئۈستەڭدىكى سۈزۈك سۇ،
ئاقار ئويناپ شوخلىنىپ.
پارتىيىنىڭ مېھرىدىن
ماڭدۇق ئالغا، روھلىنىپ.

يامغۇر ياغسا شارقىراپ،
كەڭرى زېمىن نەم بولدى.
پارتىيىگە ئەگىشىپ،
ھەممە مىللەت جەم بولدى.

تاڭ سەھەردە كەپتەرلەر
كۆكتە قانات قاقىدۇ.
پارتىيىگە مېھرىمىز
دەريا بولۇپ ئاقىدۇ.

باغۇئورمان، گۈل -گىياھ،
ئانا يەرنىڭ زىننىتى.
كۆيلىگەنگە تۈگىمەس،
پارتىيىنىڭ شەپقىتى.

بەشكېرەمدە باغ تولا،
مېۋىلىرى خىلمۇخىل.
پارتىيىنىڭ دەۋرىدە،
بارچە مىللەت ئۈم، ئىجىل.

گۈل ئېچىلىپ باغلاردا،
چاچتى ھەريان خۇش پۇراق.
يول باشچىمىز پارتىيە
بەختىمىزگە نۇر - چىراغ.

ئالما تىزدۇق تەخسىگە،
ئانار تىزدۇق تەخسىگە.
پارتىيىمىز ياشىسۇن،
خەلقىمىزنىڭ بەختىگە.

قۇياش چېچىپ ئالتۇن نۇر،
باغلار تولدى ئانارغا.
كومپارتىيە يەتكۈزدى،
بىزنى نۇرلۇق باھارغا.

ئىسلاھات ئېلىپ باردۇق،
كونا يولدا ماڭمايمىز.
پارتىيىنىڭ سۆزىنى،
ئىخلاس بىلەن ئاڭلايمىز.

كېۋەز تېرىساق قۇرلاپ،
ئۈنۈپ چىقتى قاتارى.
پارتىيە بار، كۆلمەكتە،
بەختىمىزنىڭ باھارى.

ئۆركەش ياساپ ئاقىدۇ،
ئەزىم دەريا زەرەپشان.
پارتىيىمىز باش بولغاچ،
قۇچتۇق ھەر ۋاق شەرەپ - شان.

زىخمەك تۇتقان ئوڭ قولۇم،
نەغمە قىلسام تالمىدى.
پارتىيىنىڭ ۋاقتىدا،
دىلدا ئارمان قالمىدى.

ئەمگەك قىلىپ تەر تۆكۈپ،
كۈندىن كۈنگە ئۆرلەيمىز.
پارتىيىنىڭ مېھرىنى،
ناخشا ئېيتىپ كۈيلەيمىز.

كاككۇك كۈندە سايرايدۇ،
قونۇپ ئېگىز تېرەككە.
پارتىيىمىز يەتكۈزدى،
بىزنى ئارزۇ- تىلەككە.

يامغۇر توختاپ ئاسماندا،
ھەسەن- ھۈسەن كۆرۈندى.
پارتىيىنىڭ مېھرىدىن،
ئەلنىڭ قەلبى سۆيۈندى.

ئەل ئىشقىدا كۆيگەننى،
ئەلمۇ سۆيەر قەلبىدىن.
پارتىيىمىز بولغاچقا،
تاغ ياسىدۇق غەلبىدىن.

ئىناق ئۆتكەچ ھەر مىللەت،
كۆڭلىمىز شاد، شۇنچە توق.
پارتىيىمىز دەۋرىدە،
بۈلگۈنچىگە ئورۇن يوق.

دۇتارىمىمۇ ساز مېنىڭ،
راۋابىمىمۇ ساز مېنىڭ.
پارتىيىمىز بولغاچقا،
ئۆمرۈم باھار، ياز مېنىڭ.

يېڭى چاپقان ئۈستەڭدە،
سۇلار راۋان ئاقىدۇ.
كومپارتىيە باش بولغاچ،
ئىقبال كۈلۈپ باقىدۇ.

تۇرمۇشىمىز باياشات،
ئۆتەر خۇددى بايرامدەك.
پارتىيىگە مېھرىمىز،
ئۆركەشلەيدۇ قاينامدەك.

سوتسىيالىزم يولىغا
دىلدا ئوتلۇق ئىشتىياق.
كومپارتىيە باش بولغاچ
بارچە مىللەت ئۈم - ئىناق.

قوشاقلارنى سابىرجان **سىيىت، نىياز قېيۇم، ئابدۇرېھىم يۇنۇس، گۈلبوستان ئابدۇرېھىم، ئەخمەتجان تاشتۆمۈرلەر** توپلىغان.

## يارىتتىڭ بۇ گۈزەل تاڭنى

**ئاۋۇت نىياز**

يارىتتىڭ بۇ گۈزەل تاڭنى جانجان پارتىيەم ئەلگە،
ئاتا قىلدىڭ بەخت-ھۆرلۈك مېھرىبان پارتىيەم ئەلگە.

روناق تاپتى جاپاكەشلەر، ئۇلۇغلاندى ۋەتەن جۇڭخۇا،
بەخش ئەتتىڭ شېرىن تۇرمۇش، شادىمان، پارتىيەم ئەلگە.

جاسارەتتە ئۇرۇپ خەنجەر قىلىپ گۇمران جاھالەتنى،
يېڭى ھايات، نىجاد بەردىڭ قەدىردان پارتىيەم ئەلگە.

بوران -چاپقۇندا تاۋلاندىڭ يەتتىڭ ھەم كامالەتكە،
نىجادلىق نۇرىنى چاچتىڭ كۆرمىچان پارتىيەم ئەلگە.



تەنتەنە — ئابلىمىت تۇرسۇن سىزغان

## نۇر - چىراغىم، ئىپتىخارىم پارتىيەم

**ئابدۇغېنى ھامۇدى**

جانجان كومپارتىيەم، غەمگۇزارىم سەن ئۈزۈلۈك،
ھەر كۈرەش، ھەر بىر چېلىشتا مەدەتكارىم سەن ئۈزۈلۈك،
يەڭ تۇرۇپ جۇشسەم چېلىشقا كۈچ- مادارىم سەن ئۈزۈلۈك،
غەلىبىگە ماڭغان يېتەكلەپ، باشپاناھىم سەن ئۈزۈلۈك،
مېھرى ئاتەش، چىن ۋاپادار ئانا جانىم سەن ئۈزۈلۈك،
قىبلىگاھىم، نۇر - چىراغىم، ئىپتىخارىم سەن ئۈزۈلۈك.

كۆز ئېچىپ دۇنياغا كەلسەم، سەن ئىكەنسەن پاسىبان،
ھەر ۋاقىت جۇتتىن- جۇدۇندىن كۆز نۇرۇڭدەك ئاسرىغان،
كۆرسىتىپ داغدام يولۇمنى، ھۆر ھاياتقا باشلىغان،
دۈشمىنىم قىلسا ماڭا قەست، سەن كۆزىنى ياشلىغان،
مېھرى ئاتەش، چىن ۋاپادار، ئانا جانىم سەن ئۈزۈلۈك،
قىبلىگاھىم، نۇر- چىراغىم، ئىپتىخارىم سەن ئۈزۈلۈك.

سەن ئۈزۈلۈك غەمخانە بولغاچ دەرد-ئەلەملەر يات ماڭا،
سەن بىلەن زېمىمۇ گۈزەل تۈيۈلار ھايات ماڭا،
ئۆرلىسەم ئاسمان - پەلەككە، سەن ئۈزۈلۈك قانات ماڭا،
شۇ سەۋەب جەڭدە يېڭەرمەن كەلسە مۇشكۇلات ماڭا،
مېھرى ئاتەش، چىن ۋاپادار، ئانا جانىم سەن ئۈزۈلۈك،
قىبلىگاھىم، نۇر- چىراغىم، ئىپتىخارىم سەن ئۈزۈلۈك.

سەن بىلەن تاپتى راۋاج ۋەتىنىم ئاۋاتلىشىپ،
ھەممە جايدا يۈكسىلىشنىڭ دولقۇنى قايناپ-تېشىپ،
بارچە مىللەت بىر نىيەتتە سىردىشىپ ۋە بىرلىشىپ،
كۆنسېرى باسماقتا ئالغا ھەر كۈرەشتە تاغ ئېشىپ،
مېھرى ئاتەش، چىن ۋاپادار، ئانا جانىم سەن ئۈزۈلۈك،
قىبلىگاھىم، نۇر- چىراغىم، ئىپتىخارىم سەن ئۈزۈلۈك.

كۆيلىسەم ئۇلۇغلۇقىڭنى قانچە داستان ئاز كېلەر،
شۇ سېنىڭ مېھرىڭگە قايسى ئانىنىڭ مېھرى يېتەر،
ئويلىسام مېھرىڭنى قەلبىم سۆيۈنىدۇ شۇ قەدەر،
بىر ئۆمۈر كۈيلەپ سېنى ئۆمرۈم - ھاياتىم خۇش ئۆتەر،
مېھرى ئاتەش، چىن ۋاپادار، ئانا جانىم سەن ئۈزۈلۈك،
قىبلىگاھىم، نۇر -چىراغىم، ئىپتىخارىم سەن ئۈزۈلۈك.

## پارتىيە شەنىگە

يېڭى ھايات، نىجاد بەردىڭ قەدىردان پارتىيەم ئەلگە.

لەپىلدەتتىڭ بۈيۈك يولدا ھەقىقەت تۇغىنى ھەيۋەت،
چېلىشلاردا قۇۋۋەت بەردىڭ پاسىبان پارتىيەم ئەلگە.

نىجادلىق نۇرىنى چاچتىڭ كۆرمىشچان پارتىيەم ئەلگە.

تۇتۇپ گۈلدەستە قۇتلۇقلاي يەتمىش بەش باھارىڭنى،
ئاتا قىلدىڭ چېلىشلاردا شەرەپ-شان، پارتىيەم ئەلگە.

## ئىككى غەزەل

مۇھەممەت مۇسا

### پارتىيەم

پارتىيەم مېھرىڭدە مەردلەر چۆلنى بوستان ئەيلىدى،
شەرىپىڭنى بۇلبۇلۇڭ تىللاردا داستان ئەيلىدى.

سەپ تۈزۈپ كارۋان بولۇپ ماڭغان يولۇڭدا زور قوشۇن،
كەلسە دۇچ مۈشكۈل- خەتەر ھەردەمدە ۋەيران ئەيلىدى.

قىلدى جەۋلان چوققىدا چوغدەك قىزىل شۇ بايرىقىڭ،
پەھلىۋانلار دۈشمىنىڭ تەختىنى گۇمران ئەيلىدى.

ئىسلاھاتنىڭ يولىدا شان قۇچۇپ ماڭماقتىمىز،
گۈللىنىش ھەر سەپتىكى دۇنيانى ھەيران ئەيلىدى.

ھاللىنىشقا يۈزلىنىپ نۇرلاندى بۈگۈن چېھرىمىز،
شۇ قەدەر دەنالىقىڭ يېڭىچە دەۋران ئەيلىدى.

بىر نىيەتتە ئۇيۇشۇپ رەقىبنى قالدۇردۇق يېتىم،
ھەر سۆزۈڭ بەيگىدە بىزگە كۈچ ۋە دەرمان ئەيلىدى.

پارتىيەم ئەلنىڭ نىجادكار پاسىبانى سەن ئۆزۈڭ،
بەختىيار دەۋراندا بىزگە مول زەپەر- شان ئەيلىدى.

كۈيلىمەك بەختىم مېنىڭ شەنىڭنى شاد ناخشام بىلەن،
چۈنكى سېنىڭ مېھرىڭ تۈمەن دىللارنى خەندان ئەيلىدى.

### بازارلاردا


ئۇلۇغ كومپارتىيەم بەرگەن سىياسەت بار بازارلاردا،
ھالال پۇل تاپ دېگەن سىگنال، بىشارەت بار بازارلاردا.

ئۇچۇرغا ئەھمىيەت بەرسەڭ، رىقابەتكە قانات كەرسەڭ،
ساڭا خوش باققۇسى ئامەت، پاراسەت بار بازارلاردا.

تۈيۈق يولدىن ھەزەر ئەيلەپ قەدەمنى پۇختىلاپ باسساڭ،
جامائەت خوش بولۇر سەندىن، كاپالەت بار بازارلاردا.

مىغىلدار ئادىمى ئىنسان، ئىچىدە يوق ئەمەس شەيتان،
چۈشەنسەڭ گەر نەزەر تاشلاپ رىقابەت بار بازارلاردا.

يامان يولغا ئاياغ باسما، گۈزەل مەنزىل تامان يول ئال،
روناق تاپ يەنىمۇ باي بول، دالالەت بار بازارلاردا.



ھەيۋەتلىك ئابىدە

غەيرەت مەتمىن فوتوسى

## پارتىيە شەنگە

ئابلىز قۇربان

بەختىمىزنىڭ تۈۋرۈكى، ئۇلۇغ، شانلىق پارتىيەم،
سېنىڭ بىلەن يورۇدى قاپقاراڭغۇ تۈنىمىز.
باشلىغاچقا سەن بىزنى پارلاق، گۈزەل ئەتىگە،
ئۆتتى شۇنچە شاد- خۇرام بىزنىڭ ھەر بىر كۈنىمىز.

ئېچىپ بەرگەچ سەن بىزگە مېڭىش ئۈچۈن داغدام يول،
ئاداشماستىن ھەر دائىم ئالغا قەدەم تاشلىدۇق.

قەلبىمىزگە پۈكۈپ چىڭ ئۇلۇغ غايە، ئىستەكنى،
ئىسلاھاتنىڭ جېڭىنى ھەممە سەپتە باشلىدۇق.

بولغاچقا سەن بىلشپاناھ، تولدۇق كۈچ ۋە غەيرەتكە،
جەڭ- كۈرەشتە شان قۇچۇپ، پەللىلەرگە ئۆرلەيمىز.
خاتىرجەم بول پارتىيەم، سادىق ساڭا بىز مەڭگۈ،
تەلىمىڭگە قىپ ئەمەل، ھۆر ۋەتەننى گۈللەيمىز.

## گۈللەيدۇ ھايات شۇنداق

ئۆمەر ئىسمائىل

پارتىيەم زامانىڭدا خۇش ئۆتەر كۆڭۈل ھەر ۋاق،
قىزىتتۇق ساما، مەشرەپ، شەنىڭگە چېلىپ دۇمباق.

ياغدۇرۇپ مېھىر - شەپقەت ئۇرغۇتقاچقا سەن غەيرەت،
تەر تۆكتۇق تىنىم تاپماي گۈللەندى شەھەر- قىشلاق.

بىزگە كەڭ قۇچاق ئاچتى بىز كۈتكەن ۋىسال سەھرى،
بولدى چىن باياشاتلىق ئۆتمەكتە ھايات قوۋناق.

ئەجرىدىن تېپىپ بەركەت ئاتالدۇق يېڭى باي دەپ،
چاقنايدۇ سارايۇ ئۆيدە ساپا ھەم گىلەم، شىرداق.

سۇ باشلاپ بۇلاقلاردىن باغ قىلدۇق باياۋاننى،
دىللارنى قىلىپ مەپتۇن يەلپۈندى يېشىل ياپراق.

جاپانىڭ تېگى راھەت، ئىشچانغا كېلەر ئامەت،
تاغ چاپساق بولۇپ پەرھات گۈللەيدۇ ھايات شۇنداق.

خەلقىمىز نىجادكارى ئۇلۇغ باشپاناھى سەن،
ئەگەشسەك ساڭا مەڭگۈ ئىستىقبال ھامان پارلاق.

## شەرق بۈركۈتى

(نەسر)

مۇھەممەتنىياز ھوشۇر

ئۇ 75 يىل مۇقەددەم توموز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، سۇس شەپەق نۇرىغا پۈركەنگەن دېڭىز ساھىلىدا دۇنياغا كۆز ئاچتى.

ئەجەبلىنەرلىكى ئۇ تۆرىلىپلا يا يىغلىمىدى، يا كۈلمىدى... بۇ ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە ئىدى...

ئانا تۇپراق ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئالەمشۇمۇل بىر كۈچنىڭ يېتىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى...

ئۇ ئۇچۇرما بولۇپ قانىتى بىلەن تۇمانلارنى تارقاتتى.

نەچچە ئەسىر ئۇيقىدا ياتقان بۇ كەڭ زېمىن ئاستا- ئاستا ئويغىنىشقا باشلىدى.

چاڭجياڭ ئۇنىڭ تومۇرىغا ئايلىنىپ شىددەتلىك ئۆركەشلىدى، خۇاڭخې غەزەپتە نەرە تارتتى...

ئۇنىڭ تۆرەلگىنىگە ھەسەت قىلىپ كېلىۋاتقان ھىيلىگەر قۇزغۇن قانچە-قانچە كۈندۈزلەرنى بۇلاپ كەتمەكچى بولدى.

نىھايەت، ئۇنىڭ پەنجىلىرى كارامەت كۈچلۈك ئىدى...

28 قىش، 28 باھار، 28 ياز ئۆتتى (ئۇنىڭ يۈرىكىدە نۇرغۇن ئىسسىق- سوغۇقلارنىڭ خاتىرىلىرى قالدى)...

ئاقىۋەت 28- كۈزدە ئۇ ئۆزى ياراتقان قىپقىزىل تاڭنى كۈتۈۋالدى.

ئويغانغانلار ئورنىدىن دەس تۇردى!

تيانئەنمېندىن تەيشەنگىچە، بوخەيدىن نەنخەيگىچە ھەممە ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇشتى.

كۈنلەر ئايلارغا، ئايلار يىللارغا ئۇلاشتى، ئۇ ئۆزىنىڭ تارىخىنى ئۆچمەس ئىزلىرى بىلەن يېزىۋەردى. ئۇنى ئازدۇرماقچى بولغان زۇغۇيلار ئۆزلىرى بىر-بىرلەپ ئۇجۇقتى.

تۈيۈق يول ئۇنى ئازدۇرالمىدى، بەلكى ئۇ تولىمۇ ھوشيار ۋە تولىمۇ غەيۇر بولۇپ يېتىلدى.

سۈبھى بۇرۇنقىدىنمۇ گۈزەل ھەم جىلۋىدار ئىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ كەلگۈسىگە ئىشىنەتتى. شۇڭا بىر نىشانغا قاراپ يېرىم ئەسىر توختىماي ئۇچتى...

نىھايەت ئۇ شەخسىيەتسىز ھالدا سان-ساناقسىز «بۈگۈن»نى يارىتىپ «ئەتە»گە قەدەم تاشلىدى.

مانا ئەمدى ئۇ ئۆزىگە تەلپۈنگەن مىليارد روھنىڭ ساداسىنى ئېلىپ كەڭ سامادا تېخىمۇ مەغرۇر، تېخىمۇ ئەركىن، تېخىمۇ ئېگىز پەرۋاز قىلىدىغان بولدى، ئۇنىڭ پەيلىرى يېتىلىپ قانىتى قاتتى...

ئەدەبىيات گۈلزارى

ئەدەبىيات گۈلزارى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com


1996 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى (دۈشەنبە) 5 - بەت

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقىنى قىزغىن خاتىرىلەيمىز




← يەكەن ناھىيىسى چارباغ يېزىسى سۇلۇقبېرىق كەنتى پارتىيە ياچېيكىسى ئاممىنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىش، ماتارىيقا ئەھمىيەت بېرىش ئارقىلىق بېيىش يولىغا يېتەكلىدى.

سۈرەتتە: ياچېيكا شۇجىسى ئاۋۇت داۋۇت (ئالدىنقى رەت ئوڭدىن 2- كىشى) ياچېيكا ئەزالىرى بىلەن بىللە.




← ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە زاۋۇتىنىڭ 2- خىمىيەۋى ئوغۇت قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە ئالغان خىمىيە قۇرۇلۇشى 11- قۇرۇلۇش شىركىتىدە پارتىيە ئەزالىرى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان كەپشەرلەش گۇرۇپپىسى بار، بۇ مەشغۇلات گۇرۇپپىسى جاپالىق، تېخنىكىلىق تەلپى يۇقىرى، كەپشەرلەش تېخنىكىسى مۇرەككەپ قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ھۆددىگە ئېلىپ، قۇرۇلۇشنىڭ سۈپەتلىك بولۇش نىسبىتىنى 100 % كە يەتكۈزۈپ كەلدى.



← ئۈرۈمچى ناھىيىسى ئەرگۈك يېزىسى باجاخۇ كەنتى پارتىيە باش ياچېيكىسى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى يىلمۇ يىل يۈكسەلدۈردى. بۇلتۇر كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 4510 يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. سۈرەتتە: كەنت پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى خې جەنشەن (ئوتتۇردا) پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ ئەزالىرى بىلەن بىللە.



← ۋېيخۇلياڭ كۆمۈر كېنى باداۋان شۆبە كېنىدىكى پارتىيە ئەزاسى، كۆمۈر قېزىش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئەرشىدىن شەرىپىدىن قۇدۇق ئاستىدا ئىشلىگەن 24 يىلدىن بۇيان، جاپالىق، ئېغىر ئىشلارنى تالىشىپ ئىشلەپ، ئىشچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولۇپ قالدى، ئۇ كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق كانچىلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن ئىلغار خىزمەتچى ۋە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى، 1995-يىلى يەنە ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالاندى.



← ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى تەييارلىق سوت باشقارمىسى پارتىيە باش





← شىنجاڭ پولات- تۆمۈر شىركىتى پولات تاۋلاش زاۋۇتى ئايلانما پېچ سېخىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى ياڭ




پېچ سېخىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى ياڭ جىچۈن كومپارتىيە ئەزاسىغا خاس نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.







← ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى تەييارلىق سوت باشقارمىسى پارتىيە باش ياچېيكىسى پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا «كىشلەرنى چۈشىنىش،كىشلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش، ياردەم بېرىش، كىشلەرگە تەسىر كۆرسىتىش، كىشلەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغاندىن بۇيان، پارتىيە ئەزالىرى نۇرغۇن كىشىگە تەسىر كۆرسەتتى ۋە ئۇلارنى يېتەكلىدى. ئۇلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچى - سىرتىدىن نۇرغۇن كارخانا، ئورۇن ۋە شەخسلەر ئەۋەتكەن لەۋھە، تەقدىرنامە ۋە مىننەتدارلىق خەتلىرىنى تاپشۇرۇۋالدى.



↑ مەملىكەتلىك تۈرمە سىستېمىسى بويىچە مۇنەۋۋەر ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەت خادىمى، ئاپتونوم رايونلۇق تۈرمە باشقۇرۇش ئىدارىسى مەلۇم تۈرمىسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى چېڭ پېڭيى خىزمەتداشلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، تۈرمە باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئۇدا ئۈچ يىل ئۆلچەمگە يەتكۈزدى.

← خوتەن ناھىيىسى باغچى بازىرى بۇقەمبەر كەنتى پارتىيە ياچېيكىسى پارتىيىگە يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. سۈرەتتە: كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئىمىن ماموت (سولدىن 2 ـ كىشى) ياچېيكىنىڭ تەربىيىلەش ئوبيېكتى مەتنىياز ئاخۇن بىلەن سىرداشماقتا.

↓ ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئۆي ـ زېمىن ئىدارىسى ئىتتىپاق يولى ئۆي باشقۇرۇش ئورنىدىكى كادىرلار يولداش ۋۇتىيەنشياڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئۇلار ئاھالە ئولتۇراق رايونلىرىدا ئەھۋال ئىگىلەپ، ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردى.



← مىچۈەن ناھىيىسى تېچاڭگو بازىرى تېچاڭگۇ كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، قوشۇمچە كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لى فۇجۇڭ (ئوڭدا) ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى.

سۈرەتتە: ئۇ كەنتتىكى ياشانغانلارنى يوقلاپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بەرمەكتە.

بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى ئۆز مۇخبىرلىرىمىز تىيەن چى، ۋاڭ ۋېيجۇن، لى ياڭ، فەن خاۋ، ۋاڭ يىڭجې، ياۋشىنشىڭلار تارتقان.



← پىچان ناھىيىسى بۇلتۇر ئاپتونوم رايونىمىز تەرىپىدىن تازىلىقتا ياخشى ناھىيە بولۇپ باھالانغان ئاساستا، جاڭجىياگاڭدىن ئۆگىنىپ، قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ھەر ئاينىڭ 28 ـ كۈنىنى تازىلىق كۈنى قىلىپ بېكىتتى.

سۈرەتتە: ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى لى مېڭ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئەزالىرىنى يېتەكلەپ تازىلىق كۈنىدىكى ئەمگەككە قاتناشماقتا.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## «نەنياڭ» ماركىلىق چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى دەرىجىسى يۇقىرى، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئۇن تارتىش لىنىيىسىنىڭ ئاساسلىق تېخنىكا ئۆلچىمى

| ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنىڭ تىپى | ھۈنەر-سەنئەت ئالاھىدىلىكى | | | سىخ كۆلىمى | ئېنېرگىيىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| | تازىلاش ھۈنەر- سەنئىتى | ئۇن تارتىش ھۈنەر- سەنئىتى | بىنا قەۋەت سانى | قۇرۇلۇش كۆلىمى | ماتور سىغىمى |
| كۈنىگە 40 توننا بۇغداي تارتىدۇ | ئىككى قېتىمدىن تاسقاپ، قېقىپ، تېشىنى ئىلغاپ، سۇ پۈركۈپ نەمدەيدۇ | كېپەكنى تۆت قېتىم، ئەخلىتىنى ئۈچ قېتىم، بۇغداي دانچىسىنى تۆت قېتىم ئايرىيدۇ | 1 | ئەتراپىدا 247m² | 125.5kw |
| كۈنىگە 50 توننا بۇغداي تارتىدۇ | | كېپەكنى تۆت قېتىم، ئەخلىتىنى ئۈچ قېتىم، بۇغداي دانچىسىنى تۆت قېتىم ئايرىيدۇ | 2 | ئەتراپىدا 495 m² | 135kw |
| كۈنىگە 60 توننا بۇغداي تارتىدۇ | ئۈچ قېتىم تاسقاپ، ئىككى قېتىم قېقىپ، ئىككى قېتىم تېشىنى ئىلغاپ، بىر قېتىمدىن سۈركەپ سىيرىلدۇرۇپ، سورۇپ، تاللاپ، ئىككى قېتىمدىن سۇ پۈركۈش ۋە نەمدەش قاتارلىق 11 قېتىم تازىلاش ئىش تەرتىپى | كېپەكنى بەش قېتىم، ئەخلىتىنى ئۈچ قېتىم، بۇغداي دانچىسىنى تۆت قېتىم ئايرىيدۇ | 5 | ئەتراپىدا 1000m² | 286kw |
| كۈنىگە 80 توننا بۇغداي تارتىدۇ | | كېپەكنى بەش قېتىم، ئەخلىتىنى ئۈچ قېتىم، بۇغداي دانچىسىنى ئالتە قېتىم ئايرىيدۇ | 5 | ئەتراپىدا 1000m² | 348kw |
| كۈنىگە 100 توننا بۇغداي تارتىدۇ | | كېپەكنى بەش قېتىم، ئەخلىتىنى ئۈچ قېتىم، بۇغداي دانچىسىنى ئالتە قېتىم ئايرىيدۇ | 5 | ئەتراپىدا 1800m² | 392kw |
| كۈنىگە 120 توننا بۇغداي تارتىدۇ | ئۈچ قېتىم تاسقاپ، ئىككى قېتىمدىن قېقىپ ۋە تېشىنى ئىلغاپ، بىر قېتىمدىن سۈركەپ ۋە سورۇپ، ئۈچ قېتىم تاللاپ، ئىككى قېتىمدىن سۇ پۈركۈش ۋە نەمدەش قاتارلىق 16 قېتىم تازىلاش ئىش تەرتىپى ۋە 24 ھالقا | كېپەكنى بەش قېتىم، ئەخلىتىنى تۆت قېتىم، بۇغداي دانچىسىنى ئالتە قېتىم ئايرىيدۇ | 5 | ئەتراپىدا 1800m² | 460kw |
| كۈنىگە 150 توننا بۇغداي تارتىدۇ | | كېپەكنى بەش قېتىم، ئەخلىتىنى تۆت قېتىم، بۇغداي دانچىسىنى ئالتە قېتىم ئايرىيدۇ | 6 | ئەتراپىدا 1950m² | 600kw |

ھەقسىز قۇراشتۇرۇپ بېرىمىز ۋە تېخنىك خادىملارنى تەربىيىلەپ بېرىمىز، ئەتراپلىق مۇلازىمەت قىلىمىز. خېرىدارلارنى ھەر جەھەتتىن خاتىرجەم قىلىمىز ھەم ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇن زاۋۇتلىرىنى ئۆزگەرتىشنى ھۆددىگە ئالىمىز.

ئۈرۈمچى رايونىنىڭ ھاۋارايى: كۈندۈزدىن كېچىگىچە ھاۋا ئوچۇق بەزىدە بۇلۇتلۇق بولىدۇ. تېمپېراتۇرا 20 — 29 ℃ بولىدۇ. ئۈچ بال شامال چىقىدۇ.

## «نەنياڭ» ماركىلىق كىچىك تىپتىكى مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئۇن تارتىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئاساسلىق تېخنىكا ئۆلچىمى

| تىپى | ئېنېرگىيىسى | ھۈنەر-سەنئەت ئالاھىدىلىكى | | مەھسۇلات مىقدارى | ئىگىلەيدىغان يەر كۆلىمى |
|---|---|---|---|---|---|
| | kw | بۇغداي بۆلۈمى | ئۇن بۆلۈمى | 24 سائەتتە تارتىدىغان ئۇن مىقدارى (توننا) | |
| 22— 6FTY | 67 | ئىككى قېتىمدىن تاسقاپ، سۈركەپ، چوتكىلاپ، تېشىنى ئىلغاپ، سۇ پۈركۈپ، نەمدەپ قۇرۇق ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىش ھۈنەر-سەنئىتى (نەمدەش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا بولىدۇ) | كېپەكنى تۆت قېتىم، بۇغداي دانچىسىنى ئۈچ قېتىم، ئەخلىتىنى ئىككى قېتىم ئايرىپ يانجىيدۇ، تاسقايدۇ، دەرىجىگە بۆلۈپ ئۇن تارتىدۇ | 22 | 5m×7m×18m |
| 32— 6FTYF | 88 | ئىككى قېتىمدىن تاسقاپ، سۈركەپ، چوتكىلاپ، تېشىنى ئىلغاپ، سۇ پۈركۈپ، نەمدەپ قۇرۇق ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىش ھۈنەر-سەنئىتى (نەمدەش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ) | كېپەكنى تۆت قېتىم، بۇغداي دانچىسىنى ئۈچ قېتىم، ئەخلىتىنى ئىككى قېتىم ئايرىپ يانجىيدۇ، تاسقايدۇ، دەرىجىگە بۆلۈپ ئۇن تارتىدۇ | 32 _ 26 | بۇغداي بۆلۈمى: 10.5m×7m×5m ئۇن بۆلۈمى 10.6m× 7 m×5.5m |
| 15— 6FTY | 41.25 | ئىككى قېتىم تاسقاپ، بىر قېتىم قېقىپ، يۇيۇپ، تېشىنى ئىلغايدۇ | بەش تۈلۈق بىلەن كېپەكنى بەش قېتىم ئايرىپ، بىرلا قېتىمدا تازىلاش ھۈنەر-سەنئىتى | 15 _ 12 | 4.5m×5.5m×13m |
| 20A— 6FTY | 50 | ئىككى قېتىم تاسقاپ، ئىككى قېتىم سۈرتۈپ، بىر قېتىم يۇيىدۇ ۋە تېشىنى ئىلغايدۇ | بەش تۈلۈق بىلەن كېپەكنى بەش قېتىم ئايرىپ، بىرلا قېتىمدا تازىلاش ھۈنەر-سەنئىتى | 20 _ 18 | 4.5m×5.5m×13m |
| 18— 6FTY | 45.05 | تۆت قېتىم تاسقاپ، ئىككى قېتىم سۈرتۈپ، بىر قېتىم يۇيۇپ تېشىنى ئىلغايدۇ | يەتتە تۈلۈق بىلەن كېپەكنى تۆت قېتىم، بۇغداي دانچىسىنى ئۈچ قېتىم ئايرىپ، ئايرىم يانجىيدۇ ۋە تاسقايدۇ | 18 _ 16 | 4.5m×5.5m×16m |
| 30— 6FTY | 84.45 | ئۈچ قېتىم تاسقاپ، بىر قېتىمدىن قاقىدۇ، يۇيىدۇ، سورۇيدۇ، تېشىنى ئىلغايدۇ | سەككىز تۈلۈق بىلەن كېپەكنى تۆت قېتىم، بۇغداي دانچىسىنى ئۈچ قېتىم ئايرىپ، ئايرىم يانجىيدۇ، تاسقايدۇ | 30 _ 28 | ئىككى قەۋەتلىك: بۇغداي بۆلۈمى 7m×7m×7m ئۇن بۆلۈمى 11m×7m×7m |
| 20B— 6FTY | 57.05 | ئىككى قېتىمدىن تاسقاپ، سۈركەپ، چوتكىلاپ، بىر قېتىمدىن تېشىنى ئايرىپ قاقىدۇ ۋە سورۇيدۇ | كېپەكنى تۆت قېتىم، بۇغداي دانچىسىنى ئۈچ قېتىم، ئەخلىتىنى ئىككى قېتىم ئايرىپ يانجىيدۇ، تاسقايدۇ، دەرىجىگە بۆلۈپ ئۇن تارتىدۇ | 20 | 18m×7m×5.5m |
| 16— 6FTY | 49.1 | ئىككى قېتىمدىن تاسقاپ، سۈركەپ، چوتكىلاپ، بىر قېتىمدىن تېشىنى ئايرىپ بۇغداينى يۇيىدۇ | كېپەكنى تۆت قېتىم، بۇغداي دانچىسىنى ئۈچ قېتىم ئايرىپ، بىرلا قېتىم تازىلايدۇ | 14_ 16 | 15m×5.5m×4m |
| 25— 6FTY | 56.25 | ئىككى قېتىمدىن تاسقاپ، بىر قېتىم قېقىپ، تاللاپ، سۈركەپ چوتكىلايدۇ | كېپەكنى تۆت قېتىم، بۇغداي دانچىسىنى بىر قېتىم ئايرىيدۇ | 25 | 15m×4.5m×6m |

**«گۇاڭخۇي» ماشىنىلىرى سىزگە ھەمراھ بولىدۇ**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

